# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى مەركەزلىك نامايان قىلىنغان. بۇلۇم باشلىقى يوۋ چۈەن يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەشنى نىشان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا ئومۇميۈزلۈك نىشانلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا دەل جايىدا نىشانلىق ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ئۇزاققىچە نىشانلىق ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىسال ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئۇلىنى تېخىمۇ پۇختىلاپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك. بىرىنچى، ئاچقۇچلۇق ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئېھتىياج يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى بېيىتىپ، ئىلمىي باشقۇرۇپ، ئىشلىتىپ، ياخشى مۇھىت يارىتىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر، مەركەز كارخانىلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بازار ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى قوبۇل قىلىپ، تەرەققىيات ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش كېرەك. ئۈچىنچى، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىپ، مۇجەسسەملەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. دىققەتنى خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغى تۈرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. كۆپ قاتلاملىق ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ قوشماقلىشىپ، بېرىش ـ كېلىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، بىرلەشمە ھەرىكەت مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئارىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشنى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بەشىنچى، مەدەنىيەتنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان مەدەنىيەت بايلىقىنى چوڭقۇر قېزىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت ـ ماكانىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈم ئېففېكتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشى كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، سىياسىي جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈش، خىزمەت جەھەتتە قوللاش، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈش، پسىخىكا جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشىنى كەڭ سۇپا بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىي يۈكسەكلىكىدىن ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئاساسىنى داۋاملىق پۇختىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركىز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە(شەھەر، رايون) ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى(شەھەر)لىرى، تۇەن(چاڭ)لىرىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار شۆبە يىغىن مەيدانىدا قاتناشتى.

# ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى شىددەت بىلەن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى زور دەرىجىدە ئاشتى. تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا كۈتۈۋېلىنغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچى 1 مىليون 116 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %31.85 ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت ئىقتىسادىي كىرىمى 680 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %32.33 ئاشتى. قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 280 مىڭ 400 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %93.30 ئاشتى.

ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، A دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ تۈرتكىلىك ئېففېكتى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2019 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ ھەممىسىدە تېز سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 30 مىليون 74 مىڭ 600 ئادەم قېتىمغا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 18 مىليون 549 مىڭ 400 ئادەم قېتىمغا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 14 مىليون 857 مىڭ 300 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %80.72، %55.74 ۋە %46.00 ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۈتۈۋېلىنغان ئادەم قېتىم بويىچە ئالدىنقى ئۈچ ئورۇندا تۇرغان.

ھەرقايسى جايلار شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قالتىس، نادىر پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ساياھەت بازىرىنى جانلاندۇردى. 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپ تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 2019 ـ يىل «جۇڭگو ساياھەت كۈنى» شىنجاڭ شۆبە مەيدانىدا «مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى يۇغۇرۇش گۈزەل تۇرمۇش» باش تېما قىلىنىپ، 187 تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيىتى تەشكىللەپ ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، «6 ـ نۆۋەتلىك تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا چاغاننى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يىلى ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى» «گۈل نېمىشقا شۇنچە قىزىل» 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئەتىياز پەسىللىك ساياھەت كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

ھەرقايسى جايلار خاسلىققا ئىگە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى پائال بەرپا قىلدى، ئالتاي تېغى «مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورى» ئېكولوگىيە ساياھىتى، ئىلى يايلاق مەدەنىيىتى ساياھىتى، «يىپەك يولى» مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى ساياھىتى، تيانشاننى ئايلىنىش مىڭ چاقىرىملىق ساياھەت ئالتۇن لىنىيەسى قاتارلىق ئېسىل ساياھەت لىنىيەلىرىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. ياز پەسلى كىرىپ، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى نۇرغۇن ئائىلە ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىرىنى كۈتۈۋالدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈندىلىك ئاپتوموبىل ئېقىم مىقدارى 13 مىڭدىن ئاشتى.

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى قىش پەسلىدە «تاقىماسلىق»نى يولغا قويۇپ، قار ـ مۇز ساياھەت بازىرىنىڭ جانلىنىشىغا، سۇس پەسىلنىڭ سۇس بولماسلىقىغا تۈرتكە بولدى. بۇ يىل 2 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 351 مەنزىرە رايونى ئېچىۋېتىلدى. بۇلتۇر 11 ـ ئايدىن بۇ يىل 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچى 19 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %75تىن ئارتۇق ئاشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر خۇڭ تيەنيۈن ھەمراھ بولۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ليۇ يۇڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر شەھىرى، كوناشەھەر ناھىيەسى، خوتەن ناھىيەسى، لوپ ناھىيەسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، خاس كەسىپلەر تەرەققىياتى، نامرات ئائىلىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىلگىرىلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى ۋە بەلگە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نۇقتىلىق رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نامراتلارنى ئازايتىش كۆلىمى ۋە سۈرئىتىدە پەيدىنپەي ئېشىش يۈزلىنىشى ھاسىل قىلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. داۋاملىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئېغىر نامرات رايونلاردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قاتتىق تۇتۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. مەخسۇس كۆزىتىش ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى باھالاشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، شەرقىي، غەربىي قىسىملار نامراتلارنى يۆلەشتە ھەمكارلىشىش ۋە مەركەز ئورۇنلىرى نۇقتا بېكىتىپ نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن بوشىشىپ كېتىش، بوشاڭلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى ئىستىل ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش كېرەك.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە 3 ـ كۈنى، ليۇ يۇڭفۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر شەھىرى، خوتەن شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنى ھەمدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىلىرى، قەشقەر، خوتەن ئىككى جايغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان يەتتە ئۆلكە، شەھەرنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرىنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى ھەمدە كەنتتە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم 1 ـ شۇجىلار ۋەكىللىرى ۋە كارخانا ۋەكىللىرى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى.

ليۇ يۇڭفۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قىيىن ئۆتكەلنىڭ ئەڭ قىيىنى، دۇچ كەلگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشى خىزمەت ۋەزىيىتىنى بوشاشماي ساقلاش كېرەك. دىققەتنى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىق قاتارلىق خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ سۈپەت ـ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولايلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ليۇ يۇڭفۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى تەشكىللەپ ياخشى يولغا قويۇش كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، قىممەت زەنجىرىنى ئۆستۈرۈش، نامراتلارنى يېتەكلەش زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا پايدىلىق بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا تۈرتكە بولىدۇ. كەسىپ يىرىك پىلانى ۋە تېرىقچىلىق پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلەپ، نامرات ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشكىللەپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تەمىنلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپىنىڭ كۆلەملىشىشى، ئۆلچەملىشىشى، تەشكىللىك بولۇشى، كۇرسلۇق ماركا بولۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم رايونلار بازار قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەشكە نۇقتىلىق مەسئۇل بولۇپ، ئېتىبار سىياسەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئورگانلارغا كىرگۈزۈپ، مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈپ، ئاشخانىلارغا كىرگۈزۈپ، تاللا بازارلارغا كىرگۈزۈپ، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك. گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە، ئىشلەپچىقىرىدىغان، سېتىلىدىغان ئىككى جاينىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولغان تەمىنات ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى جەمئىيەتنى نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشنىڭ يېڭى يولى، كەسىپ جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە نامراتلارنى نۇقتا بويىچە يۆلەشنىڭ يېڭى يارقىن نۇقتىسى، شەرقىي، غەربىي قىسىملارنىڭ نامراتلارنى يۆلەشتە ھەمكارلىشىشى ۋە نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن نۇسخىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، ليۇ يۇڭفۇ يەنە سىن ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيەسى، مەكىت ناھىيەسى، مارالبېشى ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سەۋەنلىك سادىر قىلسا ياكى كۆزلىمە نىشانى ئىشقا ئاشۇرالمىسا، ئىنتىزام قىزىل سىزىقى، قانۇن تۆۋەن چېكى ئىچىدە، پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى(ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ رېۋىزىيە گۇرۇپپىسى)، پارتىيە خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا سەلبىي باھا بەرمەي، ئالاقىدار جاۋابكارلىقنى كەچۈرۈم قىلىپ ياكى يېنىك، يېنىكلىتىپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئالاقىدار كىشىنىڭ تۈزىتىشى ۋە خاتالىقنى تۈزىتىشى، ئېغىشنى تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كادىرلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوغداش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىكەن.

«چارە»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، سەۋەنلىك، خاتالىقنىڭ خاراكتېرى ۋە تەسىرى توغرا ئىگىلىنىپ، «ئۈچنى پەرقلەندۈرۈش» تەلىپى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىشتىكى «تۆت خىل ھالەت» دەل جايىدا تەتبىقلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، ئىسلاھ قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان كادىرلارغا يار ـ يۆلەك بولۇنۇپ، ئىلھام بېرىلىپ، ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان، ئىش قىلالايدىغان، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ياخشى كەيپىيات پائال يارىتىلىدۇ.

«چارە»دە مۇنداق تەكىتلەندى: خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش خىزمىتىدە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە پارتىيە تەشكىلاتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش، شەخس ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن قارار قىلىشىغا ۋە تەستىقلىشىغا يول قويماسلىق؛ كەسىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىشتە چىڭ تۇرۇش؛ ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، ئېھتىياتچان، پۇختا بولۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ سىغدۇرۇش بىلەن تۈزىتىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، خاتالىق بولسا چوقۇم تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

«چارە» پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئورگانلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرى، مەمۇرىي ئورگانلار، سىياسىي كېڭەش ئورگانلىرى، رېۋىزىيە ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھ ئورگانلىرى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئورگانلىرى، ئاممىۋى ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ھاۋالىلىك باشقۇرىدىغان ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرىدىكى كادىرلار ھەمدە ئومۇمنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرىغا تەتبىقلىنىدۇ.

«چارە»دە يەنە خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش داۋامىدا چىڭ تۇرىدىغان ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى، سەۋەنلىك، خاتالىق كۆرۈلگەن كادىرلارنىڭ خاتالىقنى سىغدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدىغان ئەھۋاللار ۋە خاتالىقنى سىغدۇرۇشقا بولمايدىغان قىلمىشلار، خاتالىقنى سىغدۇرۇشنى بېكىتىش تەرتىپى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.